# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى

شەدداد بىن ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىدىن مۇنۇ ئىككى سۆزنى ئېسىمدە تۇتىۋالدىم: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، سىلەر ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بولغان ئىنسانلارنى (قىساستا ياكى ئۇرۇشتا) قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار، مال بوغۇزلىساڭلار چىرايلىق بوغۇزلاڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىك قىلسۇن ۋە بوغۇزلىغان مالنى راھەتلەندۈرسۇن».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىزگە ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق (ئېھسان) قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، ئېھسان دېگەن: ئىبادەتتە، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا، ھەر قانداق جانلىقتا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىشتا دائىم ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقتۇر، ئۆلۈغ ئۆلتۈرۈش ۋە مال بوغۇزلاشتا ئۆلاغنى قىينىماي زەبىھ قىلىشمۇ ئېھساننىڭ جۈملىسىدىندۇر. قىساس ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتتا ئېھسان قىلىش دېگەن: ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جېنىنى ئەڭ تىز ۋە ئەڭ يەڭگىل بولغان يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تاللاشتۇر. مال بوغۇزلىغاندا ئېھسان قىلىش دېگەن: مال بوغۇزلايدىغان پىچاقنى ئىتتىك قىلىپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىچاقلارنى بىلىمەسلىك، باشقا ئۆلاغلار قاراپ تۇرسا كۆز ئالدىدا يەنە بىرىنى بوغۇزلىماسلىق قاتارلىقلار.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/4319

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee